كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن جەۋھەرلەر

لىنۇكسقا ئۇيغۇرچە تونۇتۇش

يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش

ئۇيغۇرچە خەتلىك فىلىم ئىشلەش

ئۇيغۇرچە مۇنبەرلەردىكى كومپيۇتېر تېخنىكىسىغا ئائىت بولغان،ئۆزۈم پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرىكەن دەپ قارىغان،ماقالىلەردىن بىر قانچىنى كومپيۇتۇرۇمغا ساقلىۋالغان ئىدىم.گەرچە بۇ تېمىلار كونا بولسىمۇ تېخىچە قىممىتىنى يوقاتمىغانلىقى ئۈچۈن،بۈگۈن بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئانچە-مۇنچە ئىملاسىنى توغۇرلاپ،كۆپچىلىككە ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولار دېگەن مەقسەتتە ئېلكتاپقا ئايلاندۇرۇپ يوللاپ قويدۇم.دوسلارنىڭ ياقتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بەزى ماقالىلەرنىڭ ئاپتۇرىنىڭ ئىسمىنى ئەينى ۋاقىتتا يېزىۋالمىغان بولغاچقا،ئاپتۇر ئىسمىنى يازالماي قالدىم.

مۇندەرىجە

1. Linux مۇھىتىدا ئۇيغۇرچە ئىشلىتىش 1

1. ئىشلىتىش رۇخسەتنامىسى 1

2. مۇقەددىمە 1

3. خەت نۇسخىسى قاچىلاش 2

3.1 Bitmap تىپىدىكى خەت نۇسخىلىرىنى قاچىلاش 2

3.2 بۇيرۇق كۆزنىكى تەييارلاش 4

3.3 TrueType تىپىدىكى خەت نۇسخىلىرىنى قاچىلاش 8

4. ئۇيغۇرچە كونۇپكا تاختىسىنى قاچىلاش ۋە ئىشلىتىش 11

2. ئاساسى رايون ۋە كېڭەيتىلگەن رايون توغرىسىدا 13

3. يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ھەققىدە 18

4. Passolo6.0نى ئىشلىتىپ يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرش 33

5. ئۇيغۇرچە تور بېكەتنى weft تىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى 48

6. فىلىمگە ئۇيغۇرچە يېزىق كىرىشتۈرۈش توغرىسىدا 56

7. كۆپ ئىقتىدارلىق ئايلاندۇرۇش قۇرالى #1 Video Converter 61

8. تور سىم ئۇلاش تەرتىپى 69

1. Linux مۇھىتىدا ئۇيغۇرچە ئىشلىتىش

ئاپتورى: مۇھەممەد ئابدۇللا

1. ئۈسخىسى

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ھۆججەتتە Linux مۇھىتىدا ئۇيغۇرچە ئىشلىتىش ئۇسۇلى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز. جۈملىدىن، Linux مۇھىتىدا خەت نۇسخىسى قاچىلاش، ئۇيغۇرچە كونۇپكا تاختىسىنى ئورنىتىش ۋە ئىشلىتىش، ۋە ئەمىلى ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتاللاردا ئۇيغۇرچە قوللىنىش توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

مۇندەرىجە

1. ئىشلىتىش رۇخسەتنامىسى

2. مۇقەددىمە

3. خەت نۇسخىسى قاچىلاش

- 3.1 Bitmap تىپدىكى خەت نۇسخىلىرىنى قاچىلاش
- 3.2 بۇيرۇق كۆزنىكى تەييارلاش
- 3.3 TrueType تىپدىكى خەت نۇسخىلىرىنى قاچىلاش

4. ئۇيغۇرچە كونۇپكا تاختىسى قاچىلاش ۋە ئىشلىتىش

1. ئىشلىتىش رۇخسەتنامىسى

يۇلغۇن تور بىكىتىدىكى بارلىق مەزمۇنلار ۋە يۇمشاق دېتاللارنى كىلىش مەنبەسىنى ئەسكەرتىپ ھەرقانداق جايدا ھەرقانداق ۋاستا بىلەن ئىشلەتسىڭىز ۋە تارقاتسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتسىڭىز، ئۆزگەرتكەن جايلارنى ئېنىق ئەسكەرتىڭ. پايدىلىق ئۆزگەرتىشلەرنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز سىزدىن مىننەتدار بولىمىز. يۇلغۇن تور بىكىتى بۇ تىپتىكى ھۆججەتلەر ۋە يۇمشاق دېتاللارنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن كېلىپ چىققان زىيان ـ زەھمەتكە مەسئۇل بولمايدۇ.

2. مۇقەددىمە

Linux سىستېمىلىرى ھەقسىزلىقى، سۈپىتىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرىلىقى، ئوچۇق مەنبەلىكلىكى (open-source)، يۇمشاق دېتاللارنىڭ مولل\u200cىقى، كونا Unix سىستېمىلىرىغا يېقىنلىقى ۋە شۇ Unix سىستېمىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلغان ھالدا كېڭەيتكەنلىكى تۈپەيلىدىن دۇنيادىكى ئىشلىتىلىش نىسبىتى بارا-بارا ئاشماقتا. ئۇيغۇر يېزىقىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش ئالدىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە كۆپ ئىلگىرلەشلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ Linux تىكى ئۇيغۇرچە بىر تەرەپ قىلىش يەنىلا يېتىلىش باسقۇچىدا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتۇر Linux ئىشلەتكۈچىلەرگە پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن بۇ ماتېرىيالنى يېزىپ چىقتى. ۋاقىت ۋە سەۋىيەنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئى. پايدىلانغۇچىلارنىڭ تەكلىپ-پىكىرلەرنى بىرىشىنى قىزغىن ئالىمىز.

3. خەت نۇسخىسى قاچىلاش

خەت نۇسخىسى مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسىتىشتىكى مۇھىم قەدەم. يېقىنقى Linux سىستېمىلىرى بىر قانچە خىل خەت نۇسخا تۈرلىرىنى ياخشى قوللايدۇ. بۇ يەردە پەقەت كۆپ ئىشلىتىلىدىغان Bitmap ۋە TrueType خەت نۇسخا تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

3.1 Bitmap تىپىدىكى خەت نۇسخىلىرىنى قاچىلاش

يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكەن Bitmap خەت نۇسخا تۈرى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى Unix/Linux سىستېمىلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان خەت نۇسخا تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل خەت نۇسخا تۈرلىرىدە خەتنىڭ شەكلى نۇقتىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىچكى ساقلىغۇچقا قاچىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سىستېمىغا بولغان تەلىپى تۆۋەن. ئەمما خەت چوڭلۇقى ئۆزگەرگەندە خەتنىڭ سۈپىتى تىزلا ناچارلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل خەت نۇسخىلىرى ئادەتتە bdf. ياكى ئىخچاملانغان pcf. دىگەن ئۇزارتمىلار بىلەن ساقلىنىدۇ. Bitmap خەت نۇسخىلىرىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا سىستېمىغا تونۇتۇش مۇمكىن. خەت نۇسخىسى قاچىلانغان مۇندەرىجىگە بېرىپ تۆۋەندىكى بۇيرۇقلارنى بەرسىڭىز، سىستېما شۇ مۇندەرىجىدىكى Bitmap خەت نۇسخىلىرىنى سىستېما دائىرىسىدە قاچىلايدۇ:

```
$ mkfontdir
$ xset fp+ $PWD
$ xset fp rehash
```

بىرىنچى قۇردا mkfontdir دېگەن بۇيرۇق، هازىرقى مۇندەرىجىدىكى bitmap خەت نۇسخىلىرى تونۇپ چىقىدۇ ۋە بىر ھۆججەتكە (كۆپىنچە fonts.dir نامىلىق ھۆججەتكە) خاتىرىلەيدۇ. ئىككىنچى قۇردا xset دېگەن بۇيرۇق بىلەن Unix/Linux سىستېمىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان X كۆزنەك سىستېمىسىنىڭ (X Windows) خەت نۇسخا يولىغا هازىرقى مۇندەرىجىنى قوشۇمىز. ئۈچىنچى قۇردا خەت نۇسخا يولىنى يېڭىلايمىز.

مەسىلەن، تۆۋەندىكى بۇ خەت نۇسخىسى (x21.bdf10) ئىشلەتكۈچىنىڭ باش مۇندەرىجىسىنىڭ تېگىدىكى font دېگەن مۇندەرىجىگە قويۇلغان بولسا، يۇقارقى بۇيرۇقلارنى تۆۋەندىكى شەكىلدە بېرىش مۇمكىن:

```
$ pwd
/home/muhammad/font
$ ls
10x21.bdf
$ mkfontdir
$ ls
fonts.dir    10x21.bdf
$ cat fonts.dir
1
10x21.bdf
-arabeyes-fixed-medium-r-normal--20-200-75-75-c-100-iso10646
-1
$ xset fp+ $PWD
$ xset fp rehash
```

بۇ يەردە بىز ئىشلىتىۋاتقان خەت نۇسخىسى ئەرەبچە ئۈچۈن تۈزۈلگەن، ئەمما ئۇيغۇرچىدىكى ھەرپلەرمۇ تولۇق بار. بۇ خەت نۇسخىسىنى بۇ يەردىن چۈشۈرەلەيسىز. بۇنى X كۆزنەك سىستېمىسىنىڭ xfd دېگەن خەت نۇسخا كۆرۈش پىروگراممىسى بىلەن تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇقنى بېرىپ كۆرگىلى بولىدۇ:

```
$ xfd -fn -arabeyes-fixed-medium-r-normal--20-200-75-75-c-100-iso10646-1
```

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكى ئېكران كۆرۈنۈشكە ئېرىشىمىز:



بۇ ئۇشبۇ خەت نۇسخىسىنى سىستېمىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.ئەمدى ئۇيغۇرچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىزگە مۇۋاپىق بۇيرۇق كۆزنىكى (terminal) كېرەك.

3.2 بۇيرۇق كۆزنىكى تەييارلاش

3.1 پاراگرافتا bitmap خەت نۇسخىسىنى قانداق قاچىلاش توغرىسىدا توختالدۇق. ئەمدى بۇ خىل خەت نۇسخىسىنى قانداق قىلىپ بۇيرۇق كۆزنىكىدە ئىشلىتىش توغرىسىدا توختىلىمىز. ئادەتتە Linux

بۇ مەسلىنى mlterm دەپ ئاتالغان كۆپ تىللىق بۇيرۇق كۆزنىكى (multi_lingual terminal) بىلەن توغرا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. mlterm يەنە fribidi دىگەن Unicode قوش يۆنۈلۈشلۈك ئالگورىزىمنى بىجىرىدىغان ئىسكىلاتقا مۇھتاج. fribidi نى بۇ يەردىن چۈشۈرۈڭ. mlterm نى قاچىلاشتىن بۇرۇن fribidi نى چۈشۈرگەن جايدا تۆۋەندىكى بۇيرۇقلار بىلەن قاچىلاڭ (ئاز دىگەندە make install دىگەن قىسمى يىلتىز يەنى root ھالەتتە ئىجرا قىلىنىشى كېرەك):

```
root% gunzip fribidi_0.10.4.tar.gz
root% tar _xvf fribidi_0.10.4.tar
root% cd fribidi_0.10.4
root% ./configure
root% make
root% make install
```

دىققەت: mlterm نىڭ تور بېتى mlterm.sourceforge.net دىگەن ئورۇندا بولۇپ، «ئە» ھەرپى توغرا ئۇلانمىغاچقا بۇ ھۆججەتنىڭ ئاپتورى بىر قىسىم جايلارنى ئۆزگەرتىپ بۇ مەسىلىنى توغرىلىدى. شۇڭا بىۋاستە يۇقارقى تور بەتتىن چۈشۈرسىڭىز، «ئە» ھەرپى توغرا ئۇلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «لا» قوشما ھەرپى گەرچە ئەسلىدىكى نۇسخىدا توغرا ئۇلانسىمۇ، تەھرىرلىگەندە «لا» كەلگەن قۇرلاردا كۆرۈنگەن تاياقچە بىلەن ھەرپىنىڭ ئەملى ئورنى ماس كەلمەيدىغان خاتالىقنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن، بۇ يەردە قويۇلغان يەرلىك نۇسخىسىدا «لا» ھەرپى ئۇلانمايدىغان قىلىۋېتىلدى. بۇ مەسىلىنى بۇ پىروگىراممىنىڭ تۈزگۈچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەل قىلىش پىلانلانماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن ئوزىڭىزنىڭ باش مۇندەرىجىڭىزگە بېرىپ تۆۋەندىكى مۇندەرىجە ۋە ھۆججەتلەرنى تۆۋەندە كۆرسىتىلگەندەك قوشۇڭ:

```
$ cd
$ mkdir .mlterm
$ cd .mlterm
$ echo 'ISO10646_UCS2_1 = 20,-arabeyes-fixed-medium-r-normal--20-200-75-75-c-100-iso10646-1' > font
$ echo 'ENCODING = utf8' > main
$ echo 'fontsize = 20' >> main
```

بۇ يەردىكى مەقسەت، سىزنىڭ باش مۇندەرىجىڭىزنىڭ ئاستىدا mlterm. دىگەن بىر مۇندەرىجە ھاسىل قىلىپ (بېشىدىكى چېكىتكە دىققەت قىلىڭ)، شۇ مۇندەرىجىنىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا بىر main دىگەن ھۆججەت يېزىش:

```
ENCODING = utf8
fontsize = 20
```

ۋە تۆۋەندىكى مەزمۇندا بىر font دىگەن ھۆججەت يېزىش:

```
ISO10646_UCS2_1 = 20,-arabeyes-fixed-medium-r-normal--20-200-75-75-c-100-iso10646-1
```

شۇنىڭ بىلەن بۇ پىروگىراممىنى تۆۋەندىكى بۇيرۇق بىلەن قوزغىتىپ ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ:

```
$ mlterm &
```

ئەمىلىيەتتە سىز كۆرۈۋاتقان مۇشۇ تور بەتنىڭ بۇ قىسىملىرىنى بۇ پىروگىراممىنىڭ ئاستىدا VIM پىروگىراممىسى ئارقىلىپ كىرگۈزۈپ چىققان، بىشى يۇلغۇن تەھرىرلىگۈچتە كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندىكى سۈرەت سىز كۆرۈۋاتقان مۇشۇ تور بەتنى mlterm ئاستىدا تەھرىرلەش كۆرۈنۈشى:

بۇنىڭدىن باشقا بۇيرۇق كۆزنىكىدە بىۋاستە ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش، ھۆججەت ۋە مۇندەرىجىلەرگە ئۇيغۇرچە نام ئىشلىتىشكە بولىدۇ. تۆۋەندىكى سۈرەت ئۇيغۇرچە مۇندەرىجە ۋە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى ئىشلىتىش كۆرۈنىشى. بۇ پەقەت بۇ ئىقتىدارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىرىلدى. ھازىر بىر

```
muhammad% ls
sinaq/  دەرسلەر/
muhammad%
muhammad% dir -clt دەرسلەر/
total 0
-rw-r--r--    1 amhmd    amhmd          0 Apr 20 21:30 فىزىكا
-rw-r--r--    1 amhmd    amhmd          0 Apr 20 21:30 ماتېماتىكا
-rw-r--r--    1 amhmd    amhmd          0 Apr 20 21:30 ئەدەبىيات
muhammad%
muhammad% touch دەرسلەر/خىمىيە
muhammad%
muhammad% dir -clt دەرسلەر/
total 0
-rw-r--r--    1 amhmd    amhmd          0 Apr 20 22:34 خىمىيە
-rw-r--r--    1 amhmd    amhmd          0 Apr 20 21:30 فىزىكا
-rw-r--r--    1 amhmd    amhmd          0 Apr 20 21:30 ماتېماتىكا
-rw-r--r--    1 amhmd    amhmd          0 Apr 20 21:30 ئەدەبىيات
muhammad%
muhammad%
```

3.3 TrueType تىپدىكى خەت نۇسخىلىرىنى قاچىلاش

بۇ تىپتىكى (TrueType) خەت نۇسخىلىرى ئەسلى ئالما (Apple) كومپيۇتېر شىركىتى تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىن Microsoft شىركىتى رۇخسەتنامىسىنى سېتىۋېلىپ Windows كومپيۇتېرلىرىغا ئىشلەتكەندىن كېيىن، كەڭ ئىشلىتىلىشكە ئېرىشتى. بۇ خىل خەت نۇسخىلىرى bitmap خەت نۇسخىلىرىغا ئوخشاش نۇقتا ئارقىلىق ھەرىپ ـ بەلگىلەرنى ئىپادىلىمەستىن، خەتنىڭ سىرتقى شەكلىنى كۆۋادىراتلىق تەڭلىمىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. سىستېما بۇلار ئارقىلىق خەتنىڭ چوڭ

```
root% gunzip fontconfig-2.3.0.tar.gz
root% tar -xvf fontconfig-2.3.0.tar
root% cd fontconfig-2.3.0
root% ./configure --sysconfdir=/etc --prefix=/usr --mandir=/usr/share/man
root% make
root% make install
```

ئۈنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ باش مۇندەرىجىڭىزگە بېرىپ .fonts دىگەن بىر مۇندەرىجە ئېچىپ، خەت نۇسخا ھۆججەتلىرىنى شۇ مۇندەرىجىگە قاچىلايسىز. مەسىلەن:

```
$ cd
$ mkdir .fonts
$ cp UKIJTuT.ttf .fonts
$ cp UKIJNsq.ttf .fonts
```

باشقا ھۆججەتلەرنىمۇ ئۆچىنچى قۇردىكى بۇيرۇققا ئوخشاش قاچىلىسىڭىز بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا بۇ خەت نۇسخىلىرى سىزگىلا ھازىرلىنىدۇ. سىستېما دائىرىسىدە قاچىلاش ئۈچۈن /etc/fonts/fonts.conf ھۆججىتىدە كۆرسىتىلگەن باش مۇندەرىجىلەرنىڭ بىرىگە قويىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپتۇرنىڭ لىنىكس كومپيۇتېرىدا بۇ ھۆججەتنىڭ مۇندەرىجە قىسمى مۇنداق يېزىلغان (بۇ fontconfig پروگراممىسى قاچىلانغان چاغدا ئاپتوماتىك يېزىلىدۇ):

```
<dir>/usr/share/fonts</dir>
<dir>/usr/local/share/fonts/truetype</dir>
<dir>/usr/X11R6/lib/X11/fonts/Type1</dir>
<dir>/usr/X11R6/lib/X11/fonts/OTF</dir>
<dir>~/.fonts</dir>
```

ئەڭ ئاخىرقى قۇردىكى ~/.fonts ئىبارىسى ھەر بىر ئىشلەتكۈچى ئۆزىنىڭ باش مۇندەرىجىسىدىكى fonts. دىگەن مۇندەرىجىگە شەخسى خەت نۇسخا ھۆججەتلىرىنى قويسا بولىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئالدىدىكى قۇرلار سىستېما دائىرىسىدە خەت نۇسخا قويىدىغان مۇندەرىجىلەرنى كۆرسىتىدۇ. fontconfig پروگراممىسىنى بىرىنچى قېتىم قاچىلىغاندا ئادەتتە X كۆزنەك سىستېمىسىنى قايتا قوزغىتىش لازىم بولىدۇ. يىلتىز، يەنى root، ھالەتتە تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى بەرسىڭىز X كۆزنەك سىستېمىسى قايتا قوزغىلىدۇ. توغرا بىجىرىلمىسە سىستېمىنى قايتا قوزغاتسىڭىزمۇ بولىدۇ:

```
root% pkill -HUP X
```

بۇ بۇيرۇقتىن كېيىن سىز TrueType خەت نۇسخىلىرىنى يۇمشاق دېتاللاردا ئىشلىتەلەيسىز.

تۆۋەندىكى FireFox تور بەت كۆرگۈچنىڭ ئاپتۇرنىڭ كومپيۇتېرىدا يۇلغۇن تور بېكىتىنىڭ باش بېتىنى كۆرۈۋاتقان كۆرۈنۈشى:



يۇقارقى سۈرەتنىڭ چوڭايتىلغان نۇسخىسىنى <u>بۇ يەردىن</u> كۆرەلەيسىز.

4. ئۇيغۇرچە كونۇپكا تاختىسىنى قاچىلاش ۋە ئىشلىتىش

لىنىكس ۋە باشقا Unix تىپىدىكى سىستېمىلار X كۆزنەك سىستېمىسىنى قوللىنىدۇ. بۇ خىل سىستېمىلاردا ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاپتور X كۆزنەك سىستېمىسى ئۈچۈن كونۇپكا

```
root% cp uyghur.xkb /usr/X11R6/lib/X11/xkb/symbols/ug
```

ئۈنىڭدىن كېيىن، تۆۋەندىكى ھۆججەتكە

```
/usr/X11R6/lib/X11/xkb/rules/xfree86.lst
```

بۇ بىر قۇرنى قوشۇپ قويۇڭ:

```
Uyghur          ug
```

ئاپتۇرنىڭ كومپيۇتېرىدا بۇ بۆلۈك تۆۋەندىكىدەك كۆرۈندۇ:

```
...
...
...
Turkish (F)     tr_f
Ukrainian       ua
Uyghur          ug
Vietnamese      vn
Yugoslavian     yu
```

```
...
...
...
```

بۇنى قوشۇپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى بۇيرۇقنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، "Ctrl + Shift" كونۇپكىلارنى تەڭ بېسىپ ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە ئارىسىدا كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ بۇيرۇقنى بىرلا قېتىم بەرسىڭىز يەنە بىر قېتىم سىستېما ياكى X كۆزنەك سىستېمىسى قايتا قوزغالغىچە "Ctrl + Shift" كونۇپكىلارنى بېسىپ ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ.

```
$ setxkbmap -symbols "us(pc101)+ug+group(ctrl_shift_toggle)"
```

لىنۇكس سىستېمىسىدىكى gedit پروگراممىسىدا ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش مەسىلىنى بۇ سۈرەتتىن كۆرەلەيسىز.

لىنۇكس سىستېمىسىدىكى mlterm پروگراممىسىدا تورۇپ VIM تەھرىرلىگۈچنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش مەسىلىنى بۇ سۈرەتتىن كۆرەلەيسىز.

2. ئاساسى رايۇن ۋە كېڭەيتىلگەن رايۇن توغرىسىدا

ئەليار ئەپەندىنىڭ سوئالىغا مۇھەممەد ئابدۇللا ئەپەندىنىڭ بەرگەن جاۋابى

نۇرغۇن دوستلار تور بەت ياساش داۋامىدا Unicode دىگەن ئۇقۇمنى چۈشۈنۈپ بولغاندىن كىينلا Win98دا تور بېكىتىنى نۇرمال كۆرستىش باسقۇچىغا كېلىدۇ، بۇ يەردە ئاساسى رايۇن ۋە كېڭەيتىلگەن رايۇن ئۇقۇمىغا دۇچ كېلىدۇ، مەن بۇ توغرىدا بۇ ماتىريالنى توپلاپ قويدۇم:

نەقىل مەزمۇنى :

سالام دوستلار :

مەن ئۆلچەملىك يۇنىكود فونت ukij) فونىتلىرى كۆزدە تۇتۇلدى)بىلەن تور بەت ئىشلەش جەريانىدا بىر ھالقىلىق مەسلىگە يۇلۇقتۇم ، يەنى مەن ئىشلەتكەن فونت Ukij Tuz Tom فونتى

نەقىل مەزمۇنى :

بۇ توغرىلىق بىلىك كۆلۈبىدا نۇرغۇن تېمىلار ئېلان قىلىندى، ئۇندىن سىرت بىلىك كۆلۈبى ئۇيۇشتۇرغان

(1) مۇھەممەد ئەپەندى تۈزگەن ، بىلىك كۆلۈبى ھەقسىز تارقاتقان Unicode لىق كىرگۈزگۈچنى

نەقىل مەزمۇنى :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،

3. يۇمشاق دىتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ھەققىدە

پراگراممىا ھەۋەسكارىرى كۇلۇبىدا ئىلان قىلىنغان.

ئاپتورى:

مەن بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغىلى خېلى ۋاقىت بولدى . شۇ سەۋەبلىك ، مەزكۇر ماقالىنى يېزىشقا ئاز بولسىمۇ سالاھىيىتىم توشىدۇ دەپ قارايمەن . ماقالە پايدىلانغۇچىلارنىڭ مەنبە بىلەن ئاپتورىنى ئەسكەرتىشنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن !

كىرىش سۆز

گەپنى ئالدى بىلەن ئىجرا بولىدىغان ھۆججەتتىن باشلاي . ئىجرا بولىدىغان ھۆججەت(可执行文件)بولسا windows مۇھىتىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ھۆججەتلەرنىڭ بىرىدۇر . يەنە كېلىپ مۇھىمنىڭ مۇھىمى . ئۇنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ ... dll , exe , ime , cpl قاتارلىقلار كىرىدۇ . ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغىنى exe ھۆججەتتىدۇر . ئادەتتە بۇ كېڭەيتىلگەن نامدىكى ھۆججەتلەرنى window بىزگە قوللىنىشچان پروگراما (应用程序) دەپ چۈشەندۈرىدۇ . exe ھۆججىتى ئىجرا بولالايدۇ . ئىجرا بولغاندا بىزگە مەلۇم ئىنكاس قايتۇرىدۇ . لېكىن exe ھۆججىتى پەقەت dos مۇھىتىلا ئىجرا بولىدىغان قېرىنداشلىرىمۇ بار . مەن بۇھەقتە سۆزلىمەيمەن . پەقەت ، winمۇھىتىدا ئىجرا بولىدىغان exe ھەققىدىلا توختىلىمەن.

exe نىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇنىڭ جىنى ھۆججەت بېشىدا file (文件头 header) . ئادەتتە 16 لىك سىستېما نومۇرى بويىچە exe ھۆججىتىنى ئېچىپ ئوقۇغاندا ، ئۇنىڭ ھۆججەت بېشى قىسمىغا نۇرغۇنلىغان ئادرېسلار يېزىلغان بولىدۇ . يەنى ھۆججەت بايلىقنى 512 گە بۆلگەندىكى قالدۇق ، بايلىق مەنبەسى (资源) ئادرېسى .... قاتارلىقلار . نۇرغۇنلىغان تەركىبلەر ئارقىلىق بىردانە exe مەيدانغا كېلىدۇ exe .ھۆججىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئادەتتە قىسقارتىپ PE ھۆججەت قۇرۇلمىسى دەيمىز . ئۆلچەملىك PE ھۆججەت قۇرۇلمىسىدا ئۇنىڭ كۆزنىكى ، پېرىقى ، كونۇپكىسى ، تاق تاللاش رامكىسى ، تېكىست كىرگۈزكۈچىسى ، تىزىملىكى .... ئەيتاۋۇر ، بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بايلىق مەنبەسى ئىچىدە بولىدۇ . دېمەك ، بايلىق مەنبەسى (资源) بولسا بىزنىڭ يۇمشاق دېتاللارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرىشىمىزدىكى

بايلىق مەنبەسى

ئادەتتە بايلىق مەنبەسنى خەنزۇ تىلىدا 资源 دەپ ئاتايمىز ، ئىنگلىزچىدە بولسا Resource دەپ ئاتايمىز PE . ھۆججەتتىدىكى بايلىق مەنبەسى بولسا نۇرغۇنلىغان ئوبيېكتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ھەممىيلەنگە تونۇشلۇق ، مەسىلەن كۆزنەك ، كونۇپكا دېگەندەك ...بايلىق مەنبەسى ئىچىدىكى بۇ ئوبيېكتلارنى مۇرەككەپ تۈزۈملەر ئارقىلىق بۆلۈنۈپ ، يوشۇرۇنۇپ ، ئاخىرى PE ھۆججەتتىنگە ئايلىنىدۇ . ئۇنى كۆرۈش ، مەزمۇنلىرىنى ئوقۇش مەشغۇلات سىستېمىسى ئالدى بىلەن LoadLibrary فۇنكسىسىيىسنى ئىشلىتىپ بايلىق مەنبەسنى ئاچىدۇ . خوش ، سىستېما ئاچقان ئىكەن بىزمۇ ئاچالايمىز ، ئىچىپ كۆرگەنمۇ بولايلى ، ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق نەرسىلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ . ئاساسلىق مۇھىم دەپ بىلىدىغىنىمىز بايلىق مەنبەسى تەركىتۋىدىكى ئوبيېكتلار بولغاچقا مەن پەقەت بايلىق مەنبەسى بىلەنلا چەكلىنىمەن ، باشقىلىرى سۆزلەيدىغان سەۋىيەگە يېتەلمىدىم . دېمەك بايلىق مەنبەسنى تەھرىرلىيەلىسەك مەقسەدكە يەتكەن بولىمىز ... ئۇنداقتا ، بايلىق مەنبەسىدىكى كايسى ئورۇنلارنى تەھرىرلەيمىز ؟ ئەلۋەتتە بايلىق مەنبەسى ئوبيېكتلىرىنى تەھرىرلەيمىز . ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1.كۆزنەك . كۆزنەك بولسا ئەڭ مۇھىم ئوبيكت . دىققەت قىلىپ قارايدىغان كۆزنەكنىڭ سول تەرىپىدە سىن بەلگىدىن بار(بۇ ئۇنىڭ icon خاسلىقى) . سىن بەلگىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە window دىگەن خېتى تۇرىدۇ (بۇ ئۇنىڭ caption خاسلىقى) . ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئۈچ دانە كونۇپكا بولۇپ ئايرىم ھالدا كىچىكلىتىش ، چوڭايتىش ، ئۆچۈرۈش كونۇپكىلىرى (بۇ كونۇپكىلار systemmenuخاسلىقى ، ئايرىم ئايرىم ھالدا minbox , maxbox , closebox لاردۇر) ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بار ، كەڭلىكى بار .... بۇنىڭدىن باشقا مەن بايقىغان خاسلىقىدىن 65 بار ! دىمەك بىز يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇشتا ، كۆزنەكتىن ئىبارەت بۇ ئوبيكتنىمۇ تەھرىرلەيمىز .



2.گۇرۇپپا رايونى . گۇرۇپپا رايونى بولسا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىرخىل ئوبيكت ، دىققەت قىلىپ قارايدىغان بولساق ئۇنىڭ ئۈستىدە>> گۇرۇپپا رايونى <<دىگەن خەت بار ، بۇ ئۇنىڭ caption دىگەن خاسلىقى . بۇنىڭدىن باشقا بۇنىڭ ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ ...

3.كونۇپكا . كونۇپكا بولسا مۇھىم بولغان كونترولدۇر ، ھەرقانداق كۆزنەكلىك پروگراممىلاردىن ئۇ



3.يېزىق كۆرسىتىش كونترولى . بۇنىڭ ئىسمى كۆپ بولۇپ ... Static , Lable , TextControl قاتارلىقلاردۇر . ئادەتتە يۇمشاق دېتال يۈزىدىكى ئۇچۇر دەل مۇشۇ ئارقىلىق يۇمشاق دېتال يۈزىگە يېزىلىدۇ . بۇنىڭ مەزمۇنلىرى بولسا ئۇنىڭ caption خاسلىقىدۇر . يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش خىزمىتىدە خىزمەتنىڭ 80% مۇشۇ كونترولغا سەرپ بولىشى مۇمكىن ...



4.تاق تاللاش رايونى . تاق تاللاش رايونى بولسا مۇھىم بولغان كونترول . يۇمشاق دېتال يۈزلىرىدە بۇنى كۆپ ئۇچرىتىمىز . سىزنى مەلۇم ئۇچۇرنى تاللىغۇزۇش مەقسىدىدە پروگراممېر بۇ كونۇپكىلارنى يۇمشاق دېتال يۈزىگە ئورنىتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خەتلەر بولسا ئۇنىڭ captionخاسلىقى بولۇپ ، بىز بۇ مەزمۇنلار ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەرجىمە قىلىش مەقسىدىگە يېتىمىز...

5.تاق تاللاش رامكىسى . بۇنى ئادەتتە radio box دەپ ئاتايمىز . كۆپۈنچە ھاللاردا مەلۇم تۈرنى تاق تاللاتقۇزۇش مەقسىدىدە پروگراممېر بۇنى پروگراممىا يۈزىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ . ئىشلىتىشى كەڭ بولۇپ ، يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرىشىمىزدىكى مۇھىم ئوبىكتلار ھېسابلىنىدۇ.



300	打开“我的文档”文件夹，您可以在那里保存信件，报告以
301	显示最近打开过的文件和文件夹。
302	打开“我的音乐”文件夹，您可以在那里保存音乐和其它音
303	打开“图片收藏”文件夹，您可以在那里保存数字图片，照
304	提供连接到您的计算机的硬盘驱动器，照相机，扫描仪和其
305	提供其它计算机上的文件夹和文件的访问权和有关信息。
306	连接到其它计算机，网络和 Internet。
307	提供选项供您自定义计算机的外观和功能，添加或删除程序
509	Windows 资源管理器
510	「开始」菜单
513	Windows
515	无法加载或运行注册表中指定的‘%1’。请确认文件是否在
518	任务栏
524	桌面
529	内存不够，无法完成该操作。
530	无法运行命令。\n文件夹‘%1’已被删除。
531	我的电脑或 Windows 资源管理器尚未完全初始化。请稍后
533	单击这里开始
534	撤销%s(&U)
535	层叠
536	平铺
537	全部最小化
538	Windows 正在安全模式下运行。\n\nWindows 的这种特殊诊
539	Windows 正在安全模式下运行。\n\nWindows 的这种特殊诊
542	隐藏
543	显示隐藏的图标
578	开始

ئەمما بۇ خاتالىقلارنى يۇمشاق دېتال تۈزگۈچى شىركەتتىن كۆرۈپلا تەتقىقاتنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ . ئاللاھ ئىشىمىزنى ئاساشلاشتۇرۇپ بەردى ، Windowsمەشغۇلات سىستېمىسىدىكى ئاساسي بايلىق مەنبەسى تەركىبىدىكى ئوبىكتلار يۇنىكودنى ئاساسەن قوللايدۇ . ئەمما Windowsئاساسي بايلىق مەنبەسى كونترولىنى ئىشلەتمىگەن يۇمشاق دېتاللارغا بولسا ھازىرچە يۇنىكودلۇق كىرگۈزۈشتە ئامال قىلالمايمىز . لېكىن يۇنىكود بولمىغان ھەرپلەرنى بىمالال كىرگۈزەلەيمىز . خوش ، كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرايلى ، كۆرسىتىش مەسىلىسىنى ئويلىشايلى ، ناۋادا يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچە يۇنىكودنى بىمالال قوللىسا ئۇنداقتا بىز يۇمشاق دېتال يۈزىدىكى بارلىق ئېلېمېنتلارنى مەلۇم يۇنىكودلۇق فونتنىڭ ياردىمىدە بىمالال كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز . بۇنىڭدا چاتاق يوق . ئەمما يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بايلىق مەنبەسى ئوبىكتلىرى ئىچىدىكى تىزىملىك بىلەن كۆزنەكنىڭ تېمىسىنى ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش قولىمىزدىن ئاسانلىقچە كەلمەيدۇ . چۈنكى كۆزنەك تېمىسىدىكى يېزىق بىلەن تىزىملىك ئۈستىدىكى يېزىقنىڭ فونتىنى Windows مەشغۇلات سىستېمىسى مۇستەقىل كونترول قىلىدۇ . يەنى سىستېما فونتىنىڭ ياردىمىدە كۆزنەك تېمىسى ۋە تىزىملىك خەت نۇسخىلىرىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ . ئۇنداق بولسا ئۇ خەت نۇسخىلىرى قايسىلار؟

Tahoma , Arial , Times New Roman

يۇقىرقى مۇھىم فونتلارنى سىستېما بەك قوغدايدۇ ، ئاسانلىقچە ئالماشتۇرۇشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ . بۇ فونتلاردىن سىرت خەنزۇچە سىستېمىدا بولسا 宋体 دىن ئىبارەت مۇھىم خەت

بىرقىسىم بايلىق مەنبەسىنى تەھرىرلەيدىغان يۇمشاق دېتاللار يۇنىكودنى بىمالال قوللايدۇ ، بىرقىسىم قوللىمايدۇ . قوللىغانلىرى چوڭ ۋە كېلەڭسىز ، قوللىمايدىغانلىرى ئەپلىك ۋە قولايلىق . ئۇنداقتا بىز زادى قايسى قوراللارنى تاللاپ ئىشلەتسەك بولىدۇ ؟ بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمەن.

.4مۇۋاپىق بولغان تەشۋىقات ۋاستىسى ۋە ئامما ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت . يۇمشاق دېتاللارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ھەۋەسكارلىرى ئادەتتە ئۆزى يالغۇز بىرئىشقا تۇتۇش قىلىدۇيۇ ئاخىرىنى چىقىرالماي تاشلاپ قويىدۇ . مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ ، >> بىلىك تورى << ئىبارەت چوڭ تور ئائىلىسى تەشۋىقات ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان يۇمشاق دېتاللارنى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدىغان سورۇنى بولۇشقا ئىشىنىپ تۇرۇپتىمەن . بۇھەقتە بىلىك تورى بىلەن كۇلۇبىمىز بىرلىكتە باشقۇرىدىغان يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش تېخنىكىلىرى ئورتاق سەھىپىسى قۇرۇشنىمۇ ئويلىشىۋاتىمەن . ... ئومۇملاشتۇرغاندا ياخشى بولغان تەشۋىقات سورۇنى چوقۇم تاللاشقا تېگىشلىك بىر مۇھىتىمىز بولالايدۇ . يىغىنچاقلىغاندا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش مۇھىتى يۇقىرىدىكى 4 تۈردىن ئىبارەت . بۇ 4 تۈرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ ... خوش ، ئەمگەكچى يەرنى گۆرجەكتە

بايلىق مەنبەسنى تەھرىرلەش قوراللىرى

بايلىق مەنبەسنى تەھرىرلەش قوراللىرى بولسا PE ھۆججتى ئىچىدىكى بايلىق مەنبەسى تەركىۋىدىكى يۆقىردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن 7 ئاساسىي ئوبىكتنى تەھرىرلەيدىغان قورالدۇر . بۇ قورال ئارقىلىق ئۆزىمىزگە لازىملىق بايلىق مەنبەسى ئوبىكتىرنى تەھرىرلەيمىز . مەن تۆۋەندە كۆپ ئەمەس پەقەت 3 خىللا قورالنى تەھرىرلەيمەن . كۆپلىگەن قوراللارنى تورداشلار ئوتتۇرىغا قويىسمۇ بولىدۇ:

2. ResourceHacker

پروگراممېرنىڭ ئۈچۈرلىرى ماڭا نامەلۇم . مودا بولۇۋاتقان مەنبە تەھرىرلەيدىغان قورال ، ئەپسۇس يۆنىكودنى قوللىمايدۇ . لېكىن يېزىق بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى چىقىرىۋەتكەندە ، خېلى يامان ئەمەس . ئىشلىتىپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ ، ئاساسىي كۆرۈنۈشى تۆۋەندىكىدەك .(تۆۋەندىكىسى بولسا مەن Windows مۇھىتىدا خاتىرە دەپتەرنى تەھرىرلەۋاتقان رەسىم:)



بۇ قورالنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى : تېز ۋە چاققان بولۇپ ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ، سىستېمىغا تەلىپى چوڭ ئەمەس . MessageTable دىن ئىبارەت بايلىق بۆلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

Exescope .2

رولى يۇقىرىدىكىسىگە ئوخشايدۇ . ئەمما تەھرىرلەش ئىقتىدارى ئۆزگىچە . تۆۋەندىكى مەن Windowsمۇھىتىدا خاتىرە دەپتەرنى تەھرىرلەۋاتقان رەسىم:



بۇ قورالنىڭ ئارتۇقچىلىق شۇكى ئەپلىك ۋە قولايلىق . سىغىمى كىچىك . ھەرقانداق يۇمشاق دېتال ئىشلەتكەن API ھەم چاقىرغان فۇنكسىيەلىرىنى كۆزىتەلەيدۇ...

Micorosot VisualStudio 2005 Resource Editor .3

بۇ نېت رامكىسى ئىچىدىكى بىر قورال بولۇپ ، يۇنىكودنى بىمالال قوللايدۇ . ئىشلىتىش ئوڭاي . ئەڭ


NOTEPAD.EXE - Microsoft Visual Studio
文件(F) 编辑(E) 视图(V) 调试(D) 工具(T) 窗口(W) 社区(C) 帮助(H)
工具箱
常规
此组中没有可用的控件。将某项拖至此文本可将其添加到工具箱。
NOTEPAD.EXE
起始页
Notepad.exe
Accelerator
Dialog
11
12
14
"NPENCODINGDIALOG"
Icon
2
Menu
1
RT_MANIFEST
1
String Table
String Table
Version
1
解决方案资源管理器
属性
对话框节点 IDlgRes
(Name) 对话框节点
Condition
ID 12
Language 中文(中国)
(Name)
就绪

پايدىلانمىلار:

1.يۇمشاق دېتال يۇنىكودنى قوللىمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆلچەمسىز كود ئىشلىتەمدۇق ياكى ULYئىشلىتەمدۇق؟

2.تىزىملىك ۋە كۆزنەك تېمىسىدىكى يېزىقلارنىڭ فونتىنى توغرىلىغىلى بولماسلىق قىيىنچىلىقى قانداق ھەل قىلىمىز ؟

نۇرغۇن ھەۋەسكارلار بۇمەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇردى ۋە مەندىن مەسلىھەت سورىدى . گەپنىڭ قىسقىسى ئۆلچەمدىن ئېغىز ئاچالمايمەن ، بۇ كەسپنىڭ ئەھلى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان توردا شلارنىڭ كۈچلۈك تەلىۋىگە ئاساسەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپ خىل تىل يېزىق نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسىڭ پروففېسورى ، كومپيۇتېر ئالىمى ، دۆلىتىمىز ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىش مۇتەخەسسى ، ئۇستازىم ھوشۇر ئىسلام ئەپەندىمدىن مەسلىھەت سورىدىم ۋە توردا شلار ماڭا ھاۋالە قىلغان يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

ھوشۇر ئىسلام مۇئەللىم مۇنداق دېدى:

1ـ مەسىلىگە كەلسەك ، دۇنيا مىقياسىدا يۇنىكودقا نىسبەتەن قاتتىق ئۆلچەم قويۇلدى ، كودتىكى بىرلىك مىڭ تەستە قولغا كەلتۈردۇق . دۆلىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن كودقا تېخىمۇ قاتتىق ئۆلچەم قويۇپ ، ئۆلچەمسىز كوددىكى يۇمشاق دېتاللاردىن بىردىن كومپيۇتېر بازىرىدىن تازىلايدۇ . شۇنداق بولغانىكەن ئۆلچەمسىز كودنى ئىشلىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ . ئەگەر يۇمشاق دېتال نورمال يۇنىكودنى قوللىمىغان بولسا چوقۇم بەلگىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ قوللاتقۇزۇش كېرەك . ناۋادا يۇنىكودنى قوللاتقۇزۇشمۇ ئەمەلگە ئاشمىسا ئۇھالدا ھەۋەسكارلار ئۇنداق يۇمشاق دېتالنى تەرجىمە قىلمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن ، قىسقى ئىلەتمىسۇن !

1ـ مەسىلە ئۈستىدە مەن يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۆپ خىل تىل يېزىق نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى باشلىقى ، ئالىي پروگراممېر ئەنۋەر توختى مۇئەللىمدىنمۇ مەسلىھەت سورىدىم ، ئەنۋەر مۇئەللىم مۇنداق دېدى:

يۇمشاق دېتال يۈزىدىكى ئورۇنلارغا تولۇق يۈنىكود كىرگۈزگىلى تامامەن بولىدۇ . بۇ پەقەت تېخنىكا مەسىلىسى . ناۋادا ئالاھىدە **Skin** قاتارلىق تېرە گۈزەللەشتۈرۈش كونتروللىرى ئىشلىتىلگەن يۇمشاق دېتاللاردا بولسا رەسىم بىلەن بىرتەرەپ قىلىشقىمۇ بولىدۇ ...

ئەنۋەر مۇئەللىم سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن نۇرغۇن قۇراللارنى تونۇشتۇردى ۋە ئىشلىتىشنى كۆرسەتتى...

4. Passolo6.0نى ئىشلىتىپ يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش

ئەسلى ئاپتۇرى :ئىنتىل سەيناسىدىن مۇڭلان

يازمىچە ھالەتكە كەلتۈرگۈچى: ئىنتىل سەيناسىدىن ئابرال

قېرىندىشىمىز مۇڭلاننىڭ ئىنتىل سەيناسىغا يوللىغان Passolo دېتالىنى ئىشلىتىپ يۇمشاق دېتال ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش توغرىسىدا يوللىغان تېمىسىنى ۋە ئۇ يوللىغان كۆرۈنمە دەرسلىكنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۆزۈممۇ مۇڭلانغا ئوخشاش بىرقانچە كىچىك دېتاللارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇ دەرسلىكنىڭ قىممىتىنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ھەمدە بۇنى pdf فورماتىدىكى ئېلكتاپقا ئايلاندۇرۇپ تارقاتقاندا، مەيلى قەغەزگە بېسىپ چىقىرىش ۋە ياكى توردا تارقىتىشتا بولسۇن تېخىمۇ قولايلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مۇڭلاننىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپلا ئاشۇ دەرسلىكنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ دەرسلىكنى يېزىپ چىقتىم. مۇڭلان ئەپەندىنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەمدە ئۇنىڭ بۇنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇر كومپيۇتۇرچىلىقى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ كۈچ قوشۇپ، ئۇيغۇر كومپيۇتۇرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا كىچىككىنە بولسىمۇ ھەسسىمىزنى قوشۇش. ھەمدە ئاخىرقى ھېساباتتا ئۇيغۇر كومپيۇتۇرچىلىقىنى كىچىككىنە بىر قەدەم بولسىمۇ ئالغا سىلجىتىش.

Passolo دېتالىنى كومپيۇتېرغا قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تۇنجى قېتىم قوزغاتقاندا تۆۋەندىكىدەك تەڭشەش كۆزنىكى كۆرۈنىدۇ.

بۇ كۆزنەكتىكى ئىشلەتكۈچى(ئابونت) دېگەن ئورۇندا ئادەتتە سىز قايسى ئىشلەتكۈچى نامىدا كىرسىڭىز شۇ ئىشلەتكۈچى نامى كۆرۈنىدۇ. مىنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنىم بىلىك ـ ئىنتىل تەرجىمە گۇرۇپپىسى تەرجىمە قىلغان XP نىڭ خەنزۇ تىلى ئىشلەتكۈچىسى بويىچە كىرگەنلىكىم ئۈچۈن، يۇقىرىقى كۆزنەكتە 中文 دېگەن خەت كۆرۈندى. مۇئاللان ئەپەندىمنىڭ دەرسلىكىدە بۇ جايدا كۆرۈنگىنى administrator ئىدى. بىز باشقا جايلارغا تەگمەي بىۋاستە «جەزم»(确定) كۇنۇپكىسىنى باسساق، ئازراق ۋاقىت تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىپ، كەينىدىنلا تۆۋەندىكىدەك كۆزنەك كۆرۈنىدۇ.



بۇ لايىھە كۆزنىكى بولۇپ، ئەڭ مۇھىم باسقۇچلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ كۆزنەكتىكى «نامى» (名称) دېگەن ئورۇنغا سىز ئۆزىڭىزنىڭ لايىھەرىڭىزگە بىر نام قويىسىز. بۇ نامنى خالىغانچە قويسىڭىز بولىدۇ. بىراق كېيىنكى قېتىم باشقا لايىھەلىرىڭىز بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى سىز ئۆيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان دېتالنىڭ ئىسمىنى لايىھە نامى قىلىپ قوللانسىڭىز ياخشىراق بولىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئاستىدىكى «ئورنى» (位置)

ئاستىدىكى«مەنبە» (来源) دېگەن ئورۇندىكى «مەنبە ھۆججەتنى قوشۇش» (添加源文件) دېگەن كۇنۇپكىنى باسساق تۆۋەندىكىدەك يەنە بىر كۆزنەك ئېچىلىدۇ. بۇ كۆزنەك ئارقىلىق ئۆزىمىز ئۇيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان ھۆججەتنى تاللايمىز.



يەنى بۇ كۆزنەكتىكى «ھۆججەت قىسقۇچ»(浏览文件夹) دېگەن جايغا ئۇيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان ھۆججەت بار بولغان مۇندەرىجىنى بىۋاستە كىرگۈزسەك ياكى خەت كىرگۈزۈش ئورنىنىڭ يېنىدىكى «مۇندەرىجە كۆرۈش» كۇنۇپكىسىنى چېكىش ئارقىلىق ئۆزىمىز ئۇيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان مۇندەرىجە ياكى ھۆججەت قىسقۇچنى تاللىساق بولىدۇ. مۇندەرىجىنى تاللاپ جەزملەشتۈرسەك، ئاشۇ مۇندەرىجىدە بار بولغان، بىز ئۇيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان ھۆججەتلەر كۆرۈنىدۇ. ئاندىن بىز ئاشۇ ھۆججەتلەر ئىچىدىن ئۆزىمىز نۆۋەتتە ئۇيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان



بۇ كۆزنەكنى تەڭشەش ئەڭ مۇھىم باسقۇچ بولۇپ، تۈۋەندىكىدەك تەڭشىلىدۇ. «ھۆججەت يولى» بۇ جايدا ئەگەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان ھۆججەتنى باشقا ھۆججەتكە ئالماشتۇرماقچى بولساق خەت يېزىش ئورنىغا بىۋاستە ھۆججەت بار ئورۇن بىلەن ھۆججەت نامىنى يېزىپ ياكى «ھۆججەت كۆرۈش»(浏览文件) كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق باشقا ھۆججەتلەرنى تاللىساق بولىدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتمەيمىز دېسەك بۇ ئورۇنغا تەگمىسەكلا بولىدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى«ماۋزۇ» دېگەن جايغا خالىغانچە ماۋزۇ قويساقمۇ ياكى دىتال ئۆزى قويغان ماۋزۇنى ئىشلەتسەكمۇ بولاۋېرىدۇ. «شەرھلىگۈچى»(解释器) دېگەن قۇردىكى كىچىك ئوڭغا قاراپ تۇرغان ئۈچبۇلۇڭ بەلگىسىنى چەكسەك بىر قانچە تىزىملىك كۆرۈنىدۇ. بىز ئەگەر ئۆزىمىز ئۇيغۇرچىلاشتۇرماقچى بولغان دىتاللىك قايسى پروگراما تىلدا يېزىلغانلىقىنى ياكى قايسى رامكا ئاستىدا تۈزۈلگەنلىكىنى بىلسەك، مەسىلەن: بىز بىر دىتاللىك Borland Delphi بىلەن تۈزۈلگەنلىكىنى بىلسەك، بۇ تىزىملىك

«ئالماقچى بولغان تىل» (要提取的语言) دېگەن ئورۇنغمۇ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھاجەتسىز.

«كود بېتى»(代码页) دېگەن ئورۇنغا تاللاش ئارقىلىق ئەرەپ يېزىقى دېگەن تۈرنى تاللايمىز.

ئەمدى ئەڭ ھالقىلىق يېرى دېتالنى تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىلنى تاللايمىز. بىز بۇ تىل تاللاش تۈرلىرى ئىچىدىن ھەرقانچە ئىزدەپ ئۇيغۇرچە ياكى جۇڭگو- ئۇيغۇر دېگەن خەتلەرنى تاپالمايمىز. شۇڭا بۇ يەردە بىز ئەڭ ئاستىدىكى «باشقىلار» (其他) دېگەن تۈرنى تاللاپ قويىمىز. ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئاساسىID (主 ID) دېگەن ئورۇنغا 1دېگەن ساننى، قوشۇمچەID(子 ID) دېگەن ئورۇنغا 17 دېگەن ساننى كىرگۈزىمىز. بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بىز قوشۇمچە ID غا 17- 36 گىچە بولغان سانلاردىن خالىغان ساننى كىرگۈزسەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياكى كىچىك بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى 1 ئادەتتە ئەرەب يېزىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەپ يېزىقىغا ئوخشاش ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان يېزىق بولغاچقا بىز بۇيەردە ئەرەپ تىلىنى تاللىغان بولىمىز.17 نى تاللاشتىكى سەۋەب، 1- 16گىچە بولغان سانلار باشقا دۆلەت ۋە رايونلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ بولغان،17- 36گىچە بولغان سانلار تېخى بۆلۈپ بېرىلمىگەن بولغاچقا بىز ئاشۇ 17- 36گىچە بولغان سانلاردىن بىرنى تاللىۋالساق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاستىدىكى «خەت نۇسخىسى»(字体) دېگەن جايدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان دېتال ئىشلىتىدىغان خەت نۇسخىسنى ھەمدە خەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى تاللايمىز. بىز بۇيەردە UKIJ TUZ TOM دېگەن خەت نۇسخىسنى تاللايمىز. ھەمدە خەتنىڭ چوڭلۇقىنى 9 قىلىپ بەلگىلەيمىز. قالغان جايلارنى ئۆزگەرتمەيمىز. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك.



يۇقىرىقى تەڭشەشلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن «جەزم» كۇنۇپكىسنى باسساق لايىھە كۆزنىكىگە قايتىدۇ.

ئادەتتە بىر دىتالنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىز ئاساسلىقى ئۇنىڭ تىزىملىكى، دىئالوگ رامكىسى ھەمدە كۆزنەكلەردە كۆرۈنىدىغان خەتلىرنى تەرجىمە قىلساقلا،بولىدۇ. بىراق نورغۇن يۇمشاق دىتاللار بولۇپمۇ سەل چوڭراق دىتاللارنىڭ تىزىملىك، دىئالوگ رامكىسى دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ھۆججەتتە بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئالدىنئالا تەرجىمە قىلماقچى بولغان مەزمۇنلارنىڭ قايسى ھۆججەتتە ئىكەنلىكىنى بىلۋېلىشىمىز زۆرۈر. بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن resource hacker، exescope دىگەندەك دىتاللاردىن پايدىلىنىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىز تەرجىمە قىلماقچى بولغان مەزمۇنلارنىڭ قايسى ھۆججەتتە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى بۇ دىتاللار Passolo قارىغاندا سىغىمى كىچىك،قوزغىلىشى تىز، چۈشىنىش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ،ناھايىتى تىز ئىگەللەپ ئالغىلى بولىدۇ.

ئەمدى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك،لايىھە كۆزنىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەگەر يەنە باشقا تەرجىمە قىلدىغان ھۆججەتلەر بولسا، يەنە داۋاملىق «مەنبە ھۆججەتنى قوشۇش» كۇنۇپكىسنى

ھەمدە تۆۋەندىكىدەك تەڭشەش ئېلىپ بارىمىز.



يەنى «تىل» دېگەن ئورۇنغا بايام بىز بەلگىلىگەن ئەرەپ تىلى 11 دېگەننى تاللايمىز،ئۇنىڭ ئاستى بايامقىدەك ئاساسى ID 1،قوشۇمچەID 17 بولىدۇ.«كود بېتى» ئەرەپ تىلى بولىدۇ.خەت نۇسقىسى بولسا بايامقىدەك ukij tuz tom بولۇپ، چوڭلىقى 9 بولىدۇ.ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىدىكى «نىشان ھۆججىتىنىڭ دىئالوگ رامكىلىرىدا ئوخشاشلا مۇشۇ خەت نۇسقىسىنى ئىشلىتىش»(在目标文件的对话框中同样使用该字体) دېگەن تۈر ئالدىغا تاللاش بەلگىسى قويۇپ قويىمىز.ئاندىن« جەزىم» كۇنۇپكىسىنى باسساق يەنە بايامقى لايىھە كۆزنىكىگە قايتىمىز. بىز بۇ جايدا يەنە تەڭشەشكە تېگىشلىك نۇقتىلار بولسا مۇشۇ ۋاقىتتا تەڭشىۋېلىش كېرەك. بولمىسا «جەزىم» كۇنۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق ،رەسمى تەرجىمە قىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈپ كېتىمىز.يەنى تۆۋەندىكىدەك.



بىز بۇ كۆزنەكنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك كۆزنەكتىكى نىشان دىگەن خەت ئاستىدىكى ئەرەپ تىلى 11 دىگەن تۈرنى بىر چىكىۋىتىپ، ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتىكى ئۆزىمىز تەرجىمە قىلىمىز دەپ تاللىغان دىتال ئىسمىنى ئىككى چەكسەك، بىر دىئالوگ رامكىسى ئېچىلىدۇ. «ھەئە»(是) دىگەن كۇنۇپكىنى بىسسپ،جەزىملەشتۈرسەك رەسمى تەرجىمىنى باشلاش ھالىتىگە كىلىدۇ.يەنى تۆۋەندىكىدەك.



قارىساق بۇ دىتالنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى جەمئى 4 كۆزنەككە بۆلۈنگەن بولۇپ،سول تەرەپ ئۈستىدىكى كۆزنەكتىكى تىزىملىك دىگەن خەتنى ئىككى چەكسەك ئوڭ تەرەپتە بىز تەرجىمە قىلماقچى بولغان دىتالنىڭ تىزىملىك ھالىتى كۆرۈنىدۇ. بىز بۇ تىزىملىكتىن خەتلەرنى بىرمۇ-بىر تاللاپ تۇرۇپ ياكى ھازىرقى ھالەتتە تۇرغۇزۇپ تۇرۇپ (تىزىملىك ھالىتىگە ئەكەلمەي تۇرۇپ)بىۋاستە تەرجىمە قىلساقمۇ بولىدۇ . بىراق ئەڭ ياخشىسى ئۆز تەرجىمىزنىڭ قانداق ھالەتتە بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراي دىسىڭىز،يەنىلا تىزىملىك ھالىتىنى ئېچىپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلىڭ.يەنى تۆۋەندىكىدەك.



بىز بۇ باسقۇچتا رەسمى تەرجىمىنى باشلايمىز. يەنى مائۇس ستىرېلكىسى ئارقىلىق تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىزىملىك بۆيرۇقنى تاللاپ قويۇپ، ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكى ھەرپ-بەلگە تەرجىمە قىلىش كۆزنىگىگە قارىساق،ھازىر بىز تاللىغان تىزىملىك بۇيرۇقنىڭ ئاستى-ئۈستى ئىككى قۇردا تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.بىز ئۈستىدىكى قۇرغا چىقىلماي،ئاستىدىكى قۇردىكى خەتنى ئۆچۈرىۋېتىپ،ئورنىغا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يېزىپ قويىمىز. مەسىلەن يۇقۇردىكى رەسىمدىكى 游 戏 دىگەن خەتنى ئۆچۈرىۋېتىپ، ئورنىغا «ئويۇن» دەپ يېزىپ قويىمىز،باشقىلىرىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل-تەرتىپ بويىچە ماڭىدۇ.بۇلارنىڭ ئاستىدىكى ئىقتىدار كۇنۇپكىلىرى ئارقىلىق ئاستى ئۈستى

ئەمدى تىزىملىك بۇيرۇقلىرنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كىيىن سۈرەتنى كۆرۈپ باقايلى.



تىزىملىك بۇيرۇقلىرى تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كىيىن،يۇقارقىغا ئوخشاش دىئالوگ رامكىسى دىگەن خەتنى بىرچىكىپ،ئۇنىڭ ئاستىدا كۆرۈنگەن دىئالوگ رامكىلىرىدىن تەرجىمە قىلماقچى بولغاننى تاللاپ ئىككى چەكسەك،بىز تەرجىمە قىلماقچى بولغان دىئالوگ رامكىسى ئوڭ تەرەپ ئۈستىدىكى كۆزنەكتە كۆرۈنىدۇ.بىز بۇ دىئالوگ رامكىسىدىكى خەتلەرنى بىردىن-بىردىن تاللاپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلىمىز.ئەگەر تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بىز تەرجىمە قىلغان سۆز بىرقانچە يەردە بولسا،يۇمشاق دىتال ئاپتۇماتىك ھالدا،بىزگە بىر كۆرسەتمە چىقىرىپ،باشقا يەردىكى مۇشۇ سۆزگە ئوخشاش سۆزلەرنىمۇ مۇشۇنداق تەرجىمە قىلامسىز دەپ سورايدۇ. بىز «ياق» دىگەن تۈرنى تاللاپ قويىمىز. يەنى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك.

(سەۋەبى نىمە دىسەك،باشقا يەردىكى جۈملە ئىچىدىكى سۆزلەرنىمۇ مۇشۇنداق بىرخىل تەرجىمە قىلىپ قويۇپ،تەرجىمنى ئۆلۈك قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.)



دىئالوگ رامكىسىدىكى سۆزلەرنى بىرمۇ-بىر تەرجىمە قىلىپ،بولغاندىن كېيىن (ياكى تەرجىمە قىلىش ئالدىدا بولسىمۇ بولىدۇ)،ئەگەر دىئالوگ رامكىسىدا مەزمۇنلارنى ئوڭدىن سولغا يۆلىنىشتە كۆرسەتمەكچى بولساق،ھەر بىر ئوبيېكتنى بىردىن تاللاپ تۇرۇپ ياكى ctrl كونۇپكىسىنى بېسىش ئارقىلىق بىرقانچە ئوبيېكتنى تاللاپ،ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكى كۆزنەكتىن «باشقىلار» (其他) دېگەن تاللانمىنى تاللاپ،ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئوڭدىن سولغا» دېگەن تۈرنىڭ تاللاشلىرىدىن 2-سى «تەسۋىر»(镜像) تاللاپ قويساقلا بولىدۇ.(ئەگەر ئۈيغۇرچىدا بەزى مەزمۇنلار تولۇق كۆرۈنمىسە دىئالوگ رامكىسى ياكى ئاشۇ ئوبيېكتنى تۆت ئەتراپىدىكى نۇقتىلارغا مائۇس ستىرېلكىسىنى توغۇرلىساق ستىرېلكا ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇنى ئازراق تارتساق،ئوبيېكتنى كېڭەيتىشكە بولىدۇ.بۇ ئارقىلىق ئوبيېكتنى تولۇق كۆرسەتكىلى بولىدۇ.ھەتتا بەزى دىئالوگ رامكىلىرىنىڭ كۆرۈنۈش شەكىللىرىنى ئۆزىمىز ياخشى دەپ قارىغان شەكىلگە ئالماشتۇرىۋەتسەكمۇ بولىدۇ⟺.)تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك.



دىئالوگ رامكىسنى تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن،ھەرپ تىزمىسى جەدۋىلى(字 串表)تىزلىتش كۇنۇپكىسى جەدۋىلى(加 速 键 表)ۋە نەشرى(版 本)دېگەن تۈرلەرنى چېكىپ بۇلارنىمۇ يۇقارقىغا ئوخشاش ئۇسۇل بويىچە تەرجىمە قىلىپ چىقىمىز. ھەممە تەرجىمە تۈگىگەندىن كېيىن،تىزىملىكتىن ھەرپ تىزمىسى تىزىملىكى (字串列表) ←نىشان ھۆججەتنى چىقىرىش(生成目标文件) دېگەن بۇيرۇقنى ياكى قورال ستونىدىن(ئودىن سولغا قاراپ سانىغاندا 3ـ كۇنۇپكا) نىشاننى چىقىرىش(生成目标) كۇنۇپكىسىنى چېكسەك، نىشان ھۆججەتنى چىقىرىش كۆزنىكى ئېچىلىدۇ. تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك.



بۇ كۆزنەكتىن بىز «جەزىم» كۇنۇپكىسىنى باسساقلا تەرجىمە قىلغان ھۆججەتنى چىقىرىپ بېرىدۇ.يەنى ئەسلى ھۆججەت بار مۇندەرىجە ئىچىگە ara11 دىگەن مۇندەرىجىدىن بىرنى قۇرىدۇ ھەمدە تەرجىمە قىلغان ھۆججەتنى شۇ ئورۇنغا چىقىرىدۇ. ئەگەر بىز تەرجىمە قىلغان ھۆججەت بىرقانچە ھۆججەت بولسا، ھەمدە يەنە باشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى بولسا،بۇ تەرجىمە قىلىنغان ھۆججەتنى كۆچۈرۈپ،ئەسلى ئورنىغا چاپلاپ،ئاندىن ئىجرا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.ئەگەر قەرت ئويۇنىغا ئوخشاش يالغۇز ھۆججەت بولسا، شۇ جايىدا تۇرغۇزۇپلا ئىجرا قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن دىتال تەرجىمە قىلىش ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

بەزى دىتاللار يۇنىكود نى قوللىماسلىقى مۇمكىن،شۇ سەۋەپتىن تەرجىمە قىلغاندىن كېيىنمۇ، تەرجىمە قىلغان مەزمۇنلار ؟ بەلگىسى شەكلىدە چىقىۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مەلۇم بىر دىتالنى تەرجىمە قىلىشتىن ئاۋال ئەشۇ دىتالنىڭ يۇنىكودنى قوللايدىغان ياكى قوللىمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك.بىز ئۈچۈن ئەڭ ئاددى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىمىز بولسا ئالدى بىلەن تىزىملىكتىن 2-3 قۇر خەتنى تەرجىمە قىلىپ،ئاندىن نىشان ھۆججەتنى چىقىرىپ،ئىجرا قىلىپ كۆرۈش.يەنى ئىجرا قىلغاندىن

دىتال تەرجىمە قىلىپ بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى بىر قېتىم ئىجرا قىلىپ بىر قۇر تەپسىلى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن،خاتا تەرجىمە قىلىنغان جايلىرىنى، دىئالوگ رامكىلىرىدىكى خەتلەرنىڭ پاتماي قالغان، يىرىمى چىقىپ يىرىمى چىقماي قالغان قاتارلىق ئەھۋاللارنى بىلىۋېلىپ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم ئەشۇ جايلارنى تۈزىتىپ مۇكەممەل بولغاندىن كېيىن ئىلان قىلىش كېرەك.ئالدىراقسانلىق قىلىپ چالا-پۇچۇق ھالدىلا ئىلان قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش؛ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جانلىق،قىسقا تەرجىمە قىلىش؛ بەزىبىر بىرلىككە كېلىپ قالغان سۆزلەرنى مۇمكىن بار ئاشۇ بىرلىكنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلىش؛ دىتال تەرجىمە قىلدىم دەپ، ئۇيغۇر كومپيۇتېرچىلىقى ئۈچۈن يېڭى قالايمىقانچىلىق تېپىپ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئاخىرىدا دوسلارنىڭ بۇ دەرسلىكتە مەن ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ خەنزۇچە سۆزلۈكنى بەردىم(گەرچە بەك چوڭ ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ). بەزى تەرجىمىلەر مۇۋاپىق بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەم مەنمۇ بۇلارنى ئۆلچەملىك تەرجىمە دېمەيمەن. شۇڭا توردىشلارنىڭ تەنقىدى-تەكلىپ پىكىرلىرى بولسا ماڭا ئىلخەت ئەۋەتسە ياكى ئىنتىل سەيناسىدا سۆز قالدۇرسا بولىدۇ.

جەزىم←确定

ئىناۋەتسىز←取消

نامى←名称

ئورنى←位置

浏览文件夹←**مۇندەرىجە كۆرۈش**

来源←**مەنبە**

添加源文件←**مەنبە ھۆججەتنى قوشۇش**

路径←**يول**

浏览文件←**ھۆججەت كۆرۈش**

解释器←**شەرھلىگۈچى**

要提取的语言←**ئالماقچى (چىقارماقچى) بولغان تىل**

代码页←**كود بېتى**

字体←**خەت نۇسقىسى**

语言←**تىل**

添加语言←**تىل قوشۇش**

是←**ھەئە**

否←**ياق**

镜像←**تەسۋىر**

字串表←**ھەرپ تىزمىسى جەدۋىلى**

字串列表←**ھەرپ تىزمىسى تىزىملىگى**

加速键表←**تېزلىتىش كۇنۇپكىسى جەدۋىلى**

版本←**نەشرى**

生成目标文件←**نىشان ھۆججەتنى چىقىرىش**

5. ئۇيغۇرچە تور بىكەتنى weft تىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى

ئاپتورى:Sahar010

ئاۋۋال سىزدە weft بولىشى كېرەك ، بولمىسا بۇ يەردىن چۈشۈرۈپ قاچىلاڭ:

چۈشۈرۈڭhttp://www.xamxar.com/uyghur/list.asp?id=164

ئادەتتە weft تىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ ، بىرسى خەت نۇسخىسىنى بىر بىرلەپ تاللاش ، يەنە بىرسى بىراقلا ھەممىنى تاللاش ..بىرىنجى خىل ئۇسۇل سەل ئاۋارچىلىق شۇڭا ھازىر ئىككىنچى خىل ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمەن ، كېيىنكى قىسمدا باشتىكى ئۇسۇلمۇ كۆرستىلىدۇ..

سىز ئاۋۋال frontpage ياكى باشقا تور بەت ياساش دېتالىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىڭىز ئۇيغۇرچە تونۇتماقچى بولغان خەت نۇسخىسىدا بىر ئاددى بەت ياساپ ساقلاڭ) بىرەر قۇر خەت يېزىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ) ، ياكى ئاپئاق بەتتىن بىرنى ساقلىسىڭىزمۇ بولىدۇ ..مەسلەن:



سىز weft نى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن قوزغىتىڭ ، ئاندىن تەرتىپ بويىنچە تۆۋەندىكىلەرنى

كىينكى قەدەم دىگەننى بسىپ،بۆيەرگە كەلگەندە خەت ساندۇقى ۋە ئىسمنى يىزىك(خالىغانچە

يازسىڭىزمۇ بولۇۋىرىدۇ.)



ئاندىن كىينكى قەدەم دىگەننى باسسىڭىز بۇ باسقۇچقا كىلىسىز ..بۇ يەردىن سىز ئۇيغۇرچە تونۇتماقچى بولغان بەتلەرنى تاللايسىز ...مەسىلەن :

شەمشەر تور بىكىتى ئۆگىنىش سەھىپىسى
Www.Xamxar.Com
Add Web Pages
Enter the URL address of your Web page and click 'Add'.
file://
Add
(No Web pages have been added yet)
بۇ يەرنى بېسىپ سىز ئۆزىڭىزچە
تونۇشتۇرماقچى بولغان ھۆججەتنى تاللايسىز
Do not add linked pages.
Exclude
< 上一步(B)
下一步(N) >
取消
捕捉指定区域
10:38


شەمشەر تور بكتى ئۆگنش سەھپسى
Www.Xamxar.Com
Fonts To Embed
Use the 'Embed/Don't embed' button to choose which fonts you want to embed.
Subsetting:
7. No subsetting
Language:
Basic Latin
Font
Info
E...
C...
UKIJ Tuz Tom
Editable
Yes
N/A
Add...
< 上一步(B)
下一步(N) >
取消
捕捉指定区域
10:38


شەمشەر تور بىكىتى ئۆگىنىش سەھىپىسى
Www.Xamxar.Com
Fonts To Embed
Use the 'Embed/Don't embed' button to choose which fonts you want to embed.
Subsetting:
7. No subsetting
Language:
Basic Latin
Font
Info
E...
C...
UKIJ Tuz Tom
Editable
Yes
N/A
Microsoft Weft
Font:
Font
Arial
Regular
UKIJ Ruqi Gul
UKIJ Saet
UKIJ Sulus
UKIJ Teilliq
UKIJ Tuz
UKIJ Tuz Neqish
UKIJ Tuz Tom
UKIJ Tuz Tor
Regular
Bold
Italic
Bold Italic
OK
Cancel
捕捉指定区域
10:39


شەمشەر تور بىكىتى ئۆگىنىش سەھىپىسى
Www.Xamxar.Com
Create Font Objects
The tool is now ready to create the font objects.
Enter the location where the font objects will be created:
file://
E:\
Fonts may only be used from pages under these roots:
Edit...
file://F:\
http://www.xamxar.com/
http://www.xamxar.com/bbs/
Create font declarations with relative URLs.
Show CSS @font-family declarations.
Skip web font creation.
Click 'Next' to start creating the font object on your server.
مۇشۇنى تاللاشنى ئۇنۇتماڭ
< 上一步(B)
下一步(N) >
取消
捕捉指定区域
10:39

ئاندىن باشقا يەر بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن ، كېينكى قەدەم دىگەننى بېسىۋېرىڭ ...شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام ...ئەمدى بايىقى ھۆججەت ساقلىغان يەرگە قارىسىڭىز بىر دانە eot نىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقى كۆرىسىز ..ئەگەر ھەممىنى مەن دىگەندەك قىلغان بولسىڭىز ئىشىڭىز چوقۇم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ ، قىلالمىسىڭىز مەن بىلەن ئالاقىلىشىڭ مەن ياردەم قىلىمەن ...ماقۇل ئەمسە ئىشىڭىز ئوڭغا تارتقاي..

تەستىقلىغۇچى : باتۇر جەڭچى

6. فىلىمگە ئۇيغۇرچە يېزىق كىرىشتۈرۈش توغرىسىدا

ئىنتىل سەيناسىدا ئىلان قىلىنغان.

ھازىرغىچە ئىككى فىلىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ يېزىق كىرگۈزۈپ كەڭ تورداشلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم . بۇنىڭغا نۇرغۇن تورداشلار ئىنتايىن قىزىقتى . قانداق ئىشلەش قانداق كىرىشتۈرۈش ، قانداق دېتاللارنى ئىشلىتىش دېگەندەك . تۆۋەندە مەن ئۆزەمنىڭ ئۇسۇلىنى قىسقىچە چۈشەندۈرىمەن.

1 .ئالدى بىلەن سىز تەرجىمە قىلماقچى بولغان كىنونى ۋە كىنو يېزىق ھۆججىتىنى چۈشۈرىسىز . يېزىق www.shooter.cn دا بار . كىنو ھۆججىتى AVI شەكلىدە بولىدۇ www.verycd.com غا بېرىپ ئىشەك بىلەن چۈشۈرەلەيسىز ، ئەگەر سىز كىرىشتۈرۈشنى ئۆيلىمىغان بولسىڭىز كىنو ھۆججىتىنىڭ خالىغان شەكلى بولسىمۇ بولىدۇ . پەقەت بىر تەرەپتىن كۆرۈپ تەرجىمە قىلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈنلا چۈشۈرگەن بولسىز . يېزىق ھۆججىتى SRT شەكلىدە بولىدۇ.

2 .چۈشۈرگەن SRT نى خاتىرە دەپتەردە ئېچىپ بىر جۈملە ـ بىر جۈملە تەرجىمە قىلىسىز ، پەقەتلا تېكىست مەزمۇنىلا تەرجىمە قىلىسىز ، باشقا ۋاقىت دېگەندەك ئۇچۇرلىرىغا تېگىشمەڭ . يېزىپ بولغان تېكىستنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك . چوقۇم UNICODE ھالىتىدە ساقلاپ چېكىنىش كېرەك.

20
00:02:12,395 --> 00:02:13,862
مەن نەق مەيداندا يوقتۇم
21
00:02:13,896 --> 00:02:17,093
نېمىدەپ تېخىچە هايات؟
بۇ بەك قىزىق بولدىغۇ!
22
00:02:17,133 --> 00:02:20,227
بەلكىم ئۇ ئازابقا قانمىغان چېغى
23
00:02:20,269 --> 00:02:22,066
بىلمىدىم


记事本
文件 C:\Documents and Settings\0001\桌面\新建 文本文档.txt 的文字已经改变。
想保存文件吗？
是(Y)
否(N)
取消


记事本
C:\Documents and Settings\0001\桌面\新建 文本文档.txt
该文件含有 Unicode 格式的字符，当文件保存为 ANSI 编码的文本文件时，该字符将丢失。要保存 Unicode 信息，单击下面的“取消”，然后从编码列表中选择一个 Unicode 选项。继续吗？
确定
取消



خاتىرە دەپتەرگە نورمال ئۇيغۇرچە يېزىش ئۈچۈن ياخشىراق كىرگۈزگۈچ بولىشى ، خەت نۇسخىسنى ئوبدان تاللاش كېرەك .

3. سىزدە Media Player Classic قويغۇچ بولۇشى كېرەك ، بولمىسا vobsub دېگەن دېتالنى قاچىلاڭ . يېزىق بىلەن كىنو ھۆججىتىنىڭ نامىنى ۋە ئورنىنى ئوخشاش قىلىپ ، قويغۇچتا قويسىڭىز سىز ئىشلىگەن يېزىق ماس قەدەمدە كۆرىنىدۇ . خەت نۇسخىسنى ئوڭ ئاستى بۇرجەكتىكى يېشىل سىن بەلگە ئارقىلىق تاللىسىڭىز بولىدۇ . ياكى بىۋاستە vobsub نىڭ خاسلىقىنى قوزغۇتۇپ تاللىسىڭىزمۇ بولىدۇ . بوسوغىغا كىرىپ DirectVobsub ئارقىلىق تەڭشەڭ.





vobsubنىڭ رولى بولسا سىزگە ئاسما يېزىقنى كۆرستىپ بېرىشتۇر.

4 .يېزىقنى كىنوغا بىرلەشتۈرۈۋېتىش ئۇچۇن مەن Helix Producer Plus دېگەن دېتال بىلەن AVI نى RMVB غا ئايلاندۇرغان ، بۇدېتال سىزگە ئاپتوماتىك يېزىقنى كىرگۈزۈپ

سىزگە ئامەت تىلەيمەن.

تەرجىمگە قىزىقسىڭىز بۇ QQ توپىغا قوشۇلۇڭ 30437838 .

بۇ يازمىنى rock تەھرىرلىگەن ، ۋاقىت[2006-10-15 19:20:29:

بۇ يازمىنى مەن ئىلان قىلىنغاندا كۆچۈرۈپ ساقلىۋالغان.ئەپسۇسكى ئاپتۇرى ياكى ئىنتىل مۇنبىرىگە يوللىغۇچى ئىسمىنى خاتىرلىۋالماپتىمەن.ئاپتۇرنىڭ ئەيىپكە بۇيرۇماسلىقىنى سورايمەن.

7. كۆپ ئىقتىدارلىق ئايلاندۇرۇش قورالى #1 Video Converter

ئاپتورى :

پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا مەركىزى مەكتەپتىن - ھەمدۇللا مەخمۇت

تېلېفون نومۇرى :

0995-8360021

پوچتا نومۇرى : 838205

Email: hamdul@126.com QQ:422727172

سىز توردىن چۈشۈرگەن بەزى ياخشى ناخشا - كىنو ھۆججەتلىرىنى ئوپتىك دېسكىغا ئويۇۋېلىپ ساقلاپ قويۇشنى ئويلىغىنىڭىزدا ئۇ ھۆججەتنى ئوپتىك دېسكا ئويۇش يۇمشاق دېتالى Nero نىڭ تونىماسلىقى سەۋەبىدىن خىيالىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالغانمۇ ؟ بەزى ھۆججەتلەرنى ئۆزىڭىزگە لازىملىق شەكىلدىكى ھۆججەتكە ئايلاندۇرالماي شۇنداق بىر يۇمشاق دېتالنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنمۇ ؟ئۇنداق بولسا سىز كۆپ ئىقتىدارلىق ئايلاندۇرۇش قورالى #1 Video Converter نى توردىن چۈشۈرۈپ ئىشلىتىڭ .

ئەگەر سىز كۆپ ئىقتىدارلىق ئايلاندۇرۇش قورالى #1 Video Converter نى ئىشلەتسىڭىز ھەر قانداق شەكىلدىكى مېدىيا ھۆججىتىنى ئۆزىڭىز خالىغان تىپتىكى ھۆججەتكە ئايلاندۇرالايسىز . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ پارچىلاش ، بىرلەشتۈرۈش ، ئاۋاز ۋە سۈرەتنى ئۆزۈپ ئېلىش ئىقتىدارى سىزنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرىدۇ .

يۇمشاق دېتال نامى : #1 Video Converter
سىغىمى : MB 2.72
ئىشلەش مۇھىتى : Windows 98/Me or Windows 2000/XP

بۇ يۇمشاق دىتالنىڭ ئىقتىدارلىرى :

#1 Video Converter يۇمشاق دىتالى قوللايدىغان media ھۆججەت شەكىللىرى كۆپ ، ئايلاندۇرۇش سۈرئىتى تېز ھەم پىرىسلاش سۈپىتى يۇقۇرى بولغان كۆپ ئىقتىدارلىق يۇمشاق دىتال . ئۇ MPEG 1,   MPEG 2, MPEG 4 DivX avi ئۆلچىمدىكى بارلىق media ھۆججەتلىرىنى قوللايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە MPEG layer   1   layer 2, layer 3 ئۆلچىمدىكى ئاۋاز ھۆججەتلىرىنى قوللايدۇ . ئۇ يەنە 27 خىل ئوخشىمىغان تۈزۈلۈش شەكىلدىكى wmv/asf ھۆججىتىنى قوللاش بىلەن بىرگە NTSC /PAL تۈزۈمىدىكى ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇپ چىقىرىپ بېرەلەيدۇ . avi ھۆججىتىنى VCD/DVD /SVCD /MPEG /MPEG 2 1 گە ئايلاندۇرالايدۇ ئۇ يەنە ھازىر توردا ئەڭ كۆپ تارقىتىلىدىغان RM ھۆججەتلىرىنىمۇ باشقا شەكىلدىكى ھۆججەتلەرگە ئايلاندۇرالايدۇ . ئۇ قوللايدىغان ئاساسى media ھۆججەتلىرى mpg,mpeg,AV,DAT,WMV,asf,vob قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

بۇ يۇمشاق دىتال تۈۋەندىكىدەك ئىقتىدارلارغا ئىگە .

1. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى ئۆز – ئارا ئايلاندۇرۇش .
2. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى ئۆز – ئارا بىرلەشتۈرۈش
3. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى پارچىلاش
4. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى MP3 ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇش .
5. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىدىن رەسىم ئۈزۈپ ئېلىش

بۇ يۇمشاق دىتالنىڭ ئىقتىدارى ھەقىقەتەن يۇقۇرى بولۇپ ، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئاسانلىقى ، پىرىسلاش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى بىلەن ئىشلەتكۈچىلەرگە ناھايىتى زور قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ . بولۇپمۇ بۇ يۇمشاق دىتالنىڭ WMV,asf ھۆججەتلىرىنى mpg،VCD ھۆججەتلىرىگە ئايلاندۇرۇش

يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

تۆۋەندىكى رەسىمدىكى بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ئاساسى كۆرۈنمە يۈزى بولۇپ ئىشلىتىش ناھايىتى ئاددى .



تۆۋەندە بۇ يۇمشاق دېتالنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى بىر – بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

1. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى ئۆز – ئارا ئايلاندۇرۇش .

يۇمشاق دېتالنى قوزغاتقاندىن كېيىن كۆنۈپكىسىنى باسساق تۆۋەندىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ .



بىر قېتىمدا بىر ياكى بىر قانچە ھۆججەتنى بىراقلا تاللاشقا بولىدۇ . ئاندىن 向导 كۇنۇپكىسىنى بېسىپ داۋاملاشتۇرىمىز . كېيىنكى قەدەمدە چىقارماقچى بولغان ھۆججەتنىڭ تىپى ۋە چىقىرىش ئورنى قاتارلىقلارنى بەلگىلەيمىز. چىقىرىلىدىغان ھۆججەت تىپىنى بەلگىلىگەندە ئۆزىمىزگە لازىملىق ھۆججەت تىپىنى كۆرسىتىپ قويساقلا بولىدۇ .



كېيىنكى قەدەمدە چىقارماقچى بولغان ھۆججەتنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ، ئىكران كەڭلىك تارلىق قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق تەڭشەيمىز . ئادەتتە بۇ تۈرگە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىسەكمۇ بولىدۇ .



ئاندىن تاماملاش كۇنۇپكىسنى باسساق ئاساسى كۆزنەككە قايتىپ ئىجرا قىلىش بۇيرۇقى بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ . ئايلاندۇرماقچى بولغان ھۆججەتنى تاللاپ ئىجرا قىلىش كۇنۇپكىسنى باسساق ئايلاندۇرۇشقا باشلايدۇ .

2. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈش

توردا تارقىتىلغان بەزى ھۆججەتلەر تورغا يوللاش ۋە چۈشۈرۈش سۈرئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بىر قانچە بۆلەككە پارچىلىنىپ تارقىتىلىدىغان بولغاچقا ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ يۇمشاق دېتال ئارقىلىق بىر قانچە كىچىك media ھۆججەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ .

كۆنۈپكىسنى بىسىپ چىققان كۆزنەكتىن ئۆز – ئارا بىرلەشتۈرمەكچى بولغان ھۆججەتلەرنى تاللايمىز.



ئاندىن رەت تەرتۆپنى بېكىتۇالغاندىن كېيىن 向导 كۆنۈپكىسنى بىسىپ داۋاملاشتۇرىمىز .

كېينكى قەدەمدە چىقارماقچى بولغان ھۆججەتنىك چوڭ كىچىكلىكى ، ئىكران كەڭلىك تارلىقى قاتارلىقلارنى مۆۋاپىق تەڭشەيمىز. (تەڭشەش ئۇسۇلى 1. تۆردىكىگە ئوخشاش) .

ئاندىن 完成(تاماملاش) كۆنۈپكىسنى بىسىپ ئاساسى كۆزنەككە قايتىپ ئىجرا قىلىش كۆنۈپكىسنى باسساقلا بۇلىدۇ .

3. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى پارچىلاش

ئاساسى كۆزنەكتىكى پارچىلاش كۆنۈپكىسنى بىسىپ، چىققان كۆزنەكتىن پارچىلىماقچى بولغان ھۆججەتنى، ھۆججەتنى چىقىرىش ئورنىنى ۋە باشلىنىش ، ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى بەلگىلەيمىز.

كېينكى قەدەمدە چىقىرىلدىغان ھۆججەتنىڭ تىپى ، پارامېترى قاتارلىقلارنى بەلگىلەيمىز .

ئاندىن تامامالاش كۆنۈپكىسىنى بېسىپ ئاساسى كۆزنەككە قايتىپ ئىجرا قىلىش كۆنۈپكىسىنى باسىمىز .

4. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىنى MP3 ھۆججىتىگە ئايلاندۇرۇش .

ئاساسى كۆزنەكتىكى ئاۋاز كۆنۈپكىسىنى بېسىپ ،چىققان كۆزنەكتىن ئەسلى ھۆججەتنى ۋە چىقىرىش ئورنىنى كۆرسىتىمىز .



ئاندىن كۆنۈپكىسىنى بېسىپ ئاساسى كۆزنەككە قايتىپ ئىجرا قىلىش كۆنۈپكىسىنى باسىمىز .

5. ھەر خىل شەكىلدىكى media ھۆججەتلىرىدىن رەسىم ئۈزۈپ ئېلىش

ئاساسى كۆزنەكتىكى سۈرەت كۆنۇۆپكىسنى بېسىپ، چىققان كۆزنەكتىن ئەسلى ھۆججەتنى ۋە چىقىرىش ئورنىنى كۆرسىتىمىز . ھەمدە رەسىم تۇتۇشقا باشلىنىدىغان ۋاقتى ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى شۇنداقلا ھەر سېكۇنتتا تۇتۇدىغان رەسىم سانىنى بەلگىلەيمىز .

ئاندىن ئىجرا قىلىش كۆنۇۆپكىسنى باسساق بىز بەلگىلىگەن بويىچە رەسىم تۇتۇشقا باشلايدۇ .

بۇيۇمشاق دېتال سىناپ ئىشلىتىدىغان يۇمشاق دېتال بولۇپ ، تىزىمغا ئالدۇرۇلمىسا ئايلاندۇرماقچى بولغان ۋەزىپىنىڭ 50% نى ئورۇندايدۇ . بۇ يۇمشاق دېتالنىڭ ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . توردىن ئىزدىسەڭىز بۇ يۇمشاق دېتالنى تىزىملاتقۇچىسى بىلەن بىللە چۈشۈرۋالالايسىز.

8. توركارتا سىمىنى ئۇلاش تەرتىپى

بىلىك كۇلۇبىدا ئىلان قىلىنغان.

10Mلىق تور سىمىنى ئۇلاش تەرتىپى:

号码	信号定义	线对颜色
1	TX+	橙白
2	TX-	橙
3	RX+	绿白
4	未用	蓝
5	未用	蓝白
6	RX-	绿
7	未用	棕白
8	未用	棕

100Mلىق تور سىمىنى ئۇلاش تەرتىپى:

号码	信号定义	线对颜色
1	TX+	橙白
2	TX-	橙
3	RX+	绿白
4	未用	蓝
5	未用	蓝白
6	RX-	绿
7	未用	棕白
8	未用	棕

1000 Mلىق تور سىمنى ئۇلاش تەرتىپى:

号码	信号定义	线对颜色
1	BI_DA+	橙白
2	BI_DA-	橙
3	BI_DB+	绿白
4	BI_DC+	蓝
5	BI_DC-	蓝白
6	BI_DB-	绿
7	BI_DD+	棕白
8	BI_DD-	棕

يەنى يۇقىرىقى رەسىم بويىچە ئوخشاش رەڭلەرنى ئوخشاش رەڭلەر بويىچە ئۇلايسىز.